# خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى

# 汉维成语词典

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تىل تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى

# 汉维成语词典

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تىل تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

مىللەتلەر نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: **ئابدۇسالام ئابباس، رەقىپ ۋاھاپ**
مەسئۇل مۇھەررىر: **ئەركىنجان**

# خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى

## تۈزگۈچىلەر: خەلىم سالىخ، ۋاڭ جىنبىن


**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013،
تېلېفون نومۇرى: 64290862-010

**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ

**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى

**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**نەشرى:** 1993-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى:** 2001-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى.

**ئۆلچىمى:** 850×1168مم 32 كەسلەم

**باسما تاۋىقى:** 23.5

**سانى:** 5001—9000

**باھاسى:** 27.00 يۈەن

**图书在版编目（CIP）数据**

汉维成语词典/阿布都沙拉木编著. －北京：民族出版社，2000. 12

ISBN 7－105－04290－7

Ⅰ. 汉… Ⅱ. ①阿…②沙… Ⅲ. ①维吾尔语（中国少数民族语言）－成语词典②成语词典－汉语、维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. H215. 3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 82822 号

**责任编辑**：梁炳恒

**出版发行**：民族出版社　　电　话：（010）64290862

**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　邮政编码：100013

**印　　刷**：迪鑫印刷厂

**经　　销**：各地新华书店经销

**版　　次**：1993 年 3 月第 1 版　　2001 年 2 月北京第 2 次印刷

**开　　本**：850×1168 毫米 1/32

**印　　张**：23.5

**印　　数**：5001—9000 册

**定　　价**：27.00 元

# تۈزگۈچىلەردىن

قولىڭىزدىكى بۇ «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»نى تۈزۈشتە، غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (سابىق گەنسۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى) جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ «خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلىنغان 《汉语成语词典》(3-قېتىملىق تۈزىتىلگەن نۇسخا) ئاساس قىلىندى، شۇنىڭدەك شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987-يىلى 8-ئايدا نەشر قىلىنىپ، 1988-يىلى 9-ئايدا ئىككىنچى قېتىم بېسىلغان《中国成语大词典》، خۇبېي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، خېنەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلى 7-ئايدا نەشر قىلىنغان《汉语成语大词典》، لى يىخۇا، لۇي دېشېنلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان《汉语成语词典》قاتارلىق لۇغەتلەردىن پايدىلىنىلدى. تەلەپ ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن، لۇغەت ماددىلىرى تەكشەلدى، نۇرغۇن ماددىلار قوشۇلدى، بەزى ماقال-تەمسىللەر ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىمۇ كىرگۈزۈلدى.

بۇ لۇغەتكە سەككىز مىڭچە تۇراقلىق ئىبارە كىرگۈزۈلدى.



此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.cc

ئۇلارنى تاللاشتا، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، قېلىپلاشقان تۇراقلىق ئىبارىلەر ئاساس قىلىندى، خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش شەكلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

لۇغەت ماددىلىرى خەنزۇچە فونېتىكىلىق ئېلىپبە بوغۇملىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە بېرىلدى. ئىككى-ئۈچ تۈرى بولغان تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ باش بوغۇمى (خەنزۇچە بىرىنچى خېتى) پەرقلىق بولسا، بىرى ئاساس قىلىنىپ، قالغانلىرى ”××××غا قاراڭ“ دەپ ھاۋالە قىلىندى؛ كېيىنكى بوغۇمى پەرقلىق بولسا، شۇ ماددىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن كېيىن، خەنزۇچە پەرقلىق تۈرى بېرىلىپ، ”××××مۇ دېيىلىدۇ“ دەپ كۆرسىتىلدى؛ كۆپ مەنىلىك تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرى ① ② دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى.

لۇغەت ماددىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ۋە چۈشەندۈرۈشتە، نەشرىيات ۋە مەتبۇئات ئورۇنلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە توپلىغان مول ماتېرىياللار ئاساس قىلىندى، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نەزەردە تۇتۇلۇپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇلدى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەردىن مۇۋاپىق دائىرىدە پىكىر ئېلىندى.

لۇغەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى.

بۇ لۇغەت كەڭ تەرجىمان يولداشلار ئۈچۈن قورال كىتاب

بولالايدۇ، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخ-
شى ياردەمچى ۋە ياخشى ماتېرىيال بولالايدۇ.

بۇ لۇغەتنى قايتا نەشر قىلغاندا، ئۇنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلار-نىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى كۆپلەپ بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

خەلىم سالىخ

ۋاڭ جېنبېن

1991-يىل 5-ئاي

# خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر ۋە ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

## ئابدۇسالام ئابباس

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى) تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» 10 نەچچە يىلدىن بۇيان كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ۋە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئېھتىياجىدىن قىسمەن چىقىپ، ئۇلارغا خېلى ئەسقاتتى. لېكىن، بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن تۇراقلىق ئىبارىلەر سانىنىڭ ئاز بولغانلىقى ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ئىزاھلىرىنىڭ يەنە بەزەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ۋە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنى بۇ قېتىم خېلى كۆپ تولۇقلاپ، تۈزىتىپ، يېڭىدىن نەشر قىلىشقا سۇندۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1979-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى»دە بېرىلگەن «خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر

ۋە ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»نى مۇتولۇقلاپ ۋە تۈزىتىپ، بۇ نەشرىگە بەردۇق.

## بىرىنچى، تۇراقلىق ئىبارە دېگەن نېمە؟

كىشىلەر ئۆز سۆزلىرى ۋە ئەسەرلىرىدە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى كەڭ قوللىنىدۇ، لېكىن "تۇراقلىق ئىبارە دېگەن نېمە؟" دېگەن سوئالغا ئېنىق ۋە مۇكەممەل جاۋاب بېرىش ئاسان ئەمەس. بىزنىڭ تۇراقلىق ئىبارە دەۋاتقىنىمىز خەنزۇ تىلىدىكى 成语 (چېڭيۈي) بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە «辞海»دە مۇنداق ئىزاھلانغان:

熟语的一种。习用的固定词组。在汉语中多数由四个字组成。组织多样，来源不一。有些可从字面理解，如“万紫千红”“乘风破浪”；有些要知道来源才懂，如“青出于蓝”出于《荀子、劝学》，“守株待兔”出于《韩非子、五蠹》。

«现代汉语词典»دە بولسا، مۇنداق دېيىلگەن:

人们长期以来习用的、形式简洁而意思精辟的，定型的词组或短句。汉语的成语大多由四个字组成，一般都有出处。有些成语从字面上不难理解，如“小题大做”，“后来居上”等。有些成语必须知道来源或典故才能懂得意思，如“朝三暮四”，“杯弓蛇影”等。

يۇقىرىدىكىلەر خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستېمال داۋامىدا مۇئەييەن شەكىلدە تۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ بىلىش ۋە قاراشلىرى بىردەك ئەمەس، ئىستېمالدىمۇ بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت. بەزىلەر ئۇنى كەڭ مەنىدە

چۈشىنىپ، ماقال-تەمسىل، ھېكمەت، ئەقلىيە سۆزلەر، شۇنىڭدەك ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلغان ئوبرازلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ”چېڭيۈي“ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ؛ بەزىلەر بولسا، تار مەنىدە چۈشىنىپ، پەقەت مۇقىم مەنبەسى بولغان ئىبارىلەرنىلا ”چېڭيۈي“ دەپ قارايدۇ. بۇ ھال چېڭيۈيلەرنى چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

”چېڭيۈي“ ئادەتتە چەت تىللاردىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمەلەر ياكى ئىدېئومغا تەڭكەش قىلىنىدۇ. «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: ”فرازېئولوگىيە بىرەر تىلدىكى ھەممە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئىبارىلەر يىغىندىسى“ دېيىلگەن؛ ”ئىدېئوم“ بولسا، ”مەنىسى ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىگە باغلىق بولمىغان، ئومۇمىي مەنە بەرگۈچى ئىخچام ئىبارە“ دېيىلگەن. لېكىن چېڭيۈي بولسۇن، فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمەلەر بولسۇن ياكى ئىدېئوم بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى تىللاردا ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئومۇمەن ئالغاندا، ”چېڭيۈي“ دېگىنىمىز تىلدا ئۇزاق ئىشلىتىلىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان، مۇقىم قۇرۇلما شەكلى ۋە تەشكىلىي تەركىبى بولغان، مۇئەييەن مەنە بېرىدىغان، خەت مەنىسىدىن چۈشەنگىلى بولمايدىغان، جۈملىدە بىر سۆزنىڭ رولىنى ئوينايدىغان ئىبارە ياكى قىسقا جۈملىدۇر.

خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر، مەسەل-چۆچەكلەر، تارىخىي ۋەقەلەر شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلگەن. شۇڭا، ئۇلاردا قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ بىر خەتنى بىر مەنە بىرلىكى قىلىدىغان خۇسۇسىيەت

قويۇق، گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ قەدىمكى قائىدىلەر كۆپرەك.

خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر مەزمۇن جەھەتتىن بەك كەڭ بولۇپ، بەزىلىرى ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى، كەيپى ۋە ئىززەت-ئابرويىنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلىرى روھىي ھالەت ۋە ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، بەزىلىرى زامان-ۋاقىتنى، ئارزۇ-ئارمان، تەكەللۇپ ۋە تەۋەززۇ، قەسەم-قارغىش، تىل-ئاھانەتنى بىلدۈرىدۇ، يەنە بەزىلىرى تىل-يېزىقتا دائىر سۆزلەر، بەزىلىرى بولسا، "ئادەت سۆزلىرى"دۇر.

## ئىككىنچى، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

چېكىيۈي — خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر، تۈزۈلۈش جەھەتتىن، ئاساسەن تۆت ھەرپلىك بولىدۇ، يەنى تۆت ھەرپلىك تۇراقلىق ئىبارىلەر زور كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيىتى، شۇنىڭدەك چېكىيۈيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باغلىق. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىدىيىۋى بىلىشنى تولۇق ئىپادىلىشى ۋە ئىخچام بولۇشى كېرەك. خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە، تۆت ھەرپلىك ئىبارە — ئەڭ ياخشى فورما. بۇنىڭدا ئومۇمەن بىر خەت بىر مەنە بىرلىكى بولۇپ، تۆت مەنە بىرلىكى ئۆزئارا ماسلىشىپ، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەر تۈرلۈك بىلىش — ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەردە تۆت ھەرپلىكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگىنىمىزدە، بۇنىڭدىن ئۇنى ھەممە تۇراقلىق

ئىبارىلەرنىڭ فورمىسى شۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە، يەنە بىرمۇنچە تۇراقلىق ئىبارىلەر باشقا فورمىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، بەزىلىرى ئۈچ خەتتىن، بەزىلىرى سەككىز خەتتىن، بەزىلىرى كۆپ خەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تۆت خەتلىك تۇراقلىق ئىبارىلەرمۇ ئەسلىدە كۆپ خەتلىك بولۇپ، بارا-بارا قىسقارتىلىپ، تۆت خەتلىك فورمىدا تۇراقلاشقان.

تۆت خەتلىك فورمىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى، تۈزۈلۈش جەھەتتىن، بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. بىر تۇراقلىق ئىبارە ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا تۆۋەندىكىچە ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ:

1) ئالدىنقى قىسمى بىلەن كېيىنكى قىسمىنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، بىر مەنىنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىسىدا مەنە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 胡言——乱语 | 并驾——齐驱 |
| 奇谈——怪论 | 谨小——慎微 |
| 奴颜——婢膝 | 摧枯——拉朽 |
| 狼吞——虎咽 | 轻描——淡写 |
| 胆战——心惊 | |

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەردە بىرىنچى خەت بىلەن ئۈچىنچى خەت، ئىككىنچى خەت بىلەن تۆتىنچى خەت مەنىداش بولىدۇ.

2) بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يالغۇز بىر قىسمىنىڭ ئۆزى تولۇق مەنە ئاڭلاتمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 名存——实亡 | 天南——地北 |

口是——心非　　口蜜——腹剑

人面——兽心　　弱肉——强食

大同——小异　　弃旧——图新

贪小——失大

بۇنداق تۇراقلىق ئىبارىلەردە بىرىنچى خەت بىلەن ئۈچىنچى خەت، ئىككىنچى خەت بىلەن تۆتىنچى خەت قارىمۇقارشى مەنىلىك بولىدۇ.

3) بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئايرىم خەتلىرىلا قارىمۇقارشى مەنىلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

假公——济私　　惩前——毖后

顾此——失彼　　声东——击西

بۇلاردا ئىككىنچى خەت بىلەن تۆتىنچى خەتلا قارىمۇقارشى مەنىلىك بولىدۇ.

4) تۇراقلىق ئىبارە ئىچىدىكى بىر خەت ئالدىنقى قىسمى بىلەن كېيىنكى قىسمىدا تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

同心——同德　　任劳——任怨

作威——作福　　再接——再励

不伦——不类　　不三——不四

大喊——大叫　　风言——风语

5) بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەردە بولۇشلۇق سۆزلەر بولۇشسىز سۆزلەر بىلەن كۈچەيتىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن؛

大公——无私　　长生——不老

哑口——无言　　严惩——不贷

厚颜——无耻　　放荡——不羁

反复——无常　　怙恶——不悛

2. بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تەركىبىدە "如"، "若" خەت-

لرى بولۇپ، ئوخشتش مەنسدە كېلدۇ، بۇ ئۇيغۇر تلدكى "-دەك // -تەك" كە توغرا كېلدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| 挥金如土 | 如出一口 |
| 心如刀割 | 如坐针毡 |
| 爱财如命 | 如获至宝 |
| 若无其事 | 若有所失 |

3. ئارىغا سان قوشۇلۇپ كېلىپ، مەنىنى كۈچەيتىدۇ، ياكى كۆپلۈك مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| 一清二白 | 三令五申 |
| 四分五裂 | 七嘴八舌 |
| 百孔千疮 | 千言万语 |
| 万水千山 | 一知半解 |

4. خەتلەر تەكرارلىنىپ، مەنىنى كۈچەيتىدۇ، ياكى كۆپلۈك مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| 干干净净 | 口口声声 |
| 空空洞洞 | 清清楚楚 |
| 堂堂正正 | 日日夜夜 |

ئازغىنا بىر قىسىم تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ بىرلا خېتى تەكرارلىنىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| 文质彬彬 | 津津有味 |

5. ئاز ساندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر ئايرىم-ئايرىم مەنىلىك سۆزلەرنى قاتار تىزىپ قويۇش بىلەن ياسىلىدۇ، بۇنىڭدىكى خەتلەر ئۆز مەنىسىنى ساقلايدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| 古今中外 | 鳏寡孤独 |
| 骄奢淫逸 | 麟凤龟龙 |

6. ئىككى قىسىمغا بۆلۈنمەي، بىر پۈتۈن بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ:

1) ئادەم ئىسمى بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 叶公好龙 | 塞翁失马 |
| 名落孙山 | 毛遂自荐 |
| 愚公移山 | 东施效颦 |

2) رىۋايەت، ئەپسانە، تارىخىي ۋەقە ۋە قىسسىلەردىن ئېلىنغان ئابستراكسىيە، بۇلار دېيەنگۇ ــ ھېكمەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 负荆请罪 | 坐井观天 |
| 完璧归赵 | 守株待兔 |
| 背水一战 | 卧薪尝胆 |
| 刻舟求剑 | 草木皆兵 |
| 一鸣惊人 | 黔驴技穷 |

7. يۇقىرىدا ئېيتىلغان پاراللېل ئىككى قىسىمدىن قۇرۇلغان تۇراقلىق ئىبارىلەر ئالماشتۇرۇپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

惊心动魄——动魄惊心
同工异曲——异曲同工
龙钟老态——老态龙钟
海角天涯——天涯海角

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ خەتلىرىنى مەنىداش خەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋالمۇ بار، بۇ قىسمەن ئەھۋال بولۇپ، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تۇراقلىقلىقىغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. مەسىلەن:

自行其事——独行其事
一木难支——独木难支
莫名其妙——莫明其妙

闭口不谈——闭口不言

高枕无忧——高枕而卧

8. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاساسىي فورما بولغان تۆت خەتلىك تۇراقلىق ئىبارىلەردىن باشقا، ئۈچ خەتلىك، سەككىز خەتلىك ۋە كۆپ خەتلىك تۇراقلىق ئىبارىلەرمۇ بار. مەسىلەن:

下马威　　马后炮　　破天荒

不入虎穴，焉得虎子

此地无银三百两

五十步笑百步

## ئۈچىنچى، تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش

خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش — مۇرەككەپ، مۈشكۈل ئىش. خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىل-يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشاش بولغاچقا، خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ۋە لازىم. تەرجىمىدە مەزمۇن ئاساس قىلىنىدۇ، شەكىل ھېسابقا ئېلىنىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە بەزى مەسلىھەتلەرنى بېرىمىز، ئەمما تەرجىمانلار تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كونتېكستكە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىگە تايىنىشى لازىم.

1. خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر — فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردىن كەڭ پايدىلىنىش:

趁火打劫　　توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلىماق.

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق. 趁热打铁

تۆگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالماق. 贪小失大

ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك. 火上加油

بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق. 一箭双雕

شاختىن شاخقا قونماق. 见异思迁

يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك. 断线风筝

ئەنقانىڭ تۇخۇمى. 麟角凤嘴

2. ئەينەن تەرجىمە قىلىش:

سۇيىنى يەڭگۈشلەپ، دورىسىنى يەڭگۈشلىمەسلىك. 换汤不换药

يولۋاسقا مىنىپ قېلىپ چۈشەلمەي قالماق. 骑虎难下

قارىغۇدىن يول سورىماق. 问道于盲

كور سوقۇر ئاتقا مىنمەك. 盲人瞎马

3. سانلار بىلەن كەلگەن تۇراقلىق ئىبارىلەر مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ ياكى كۆپلۈك مەنىسىنى بېرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا شۇ مەنىدە ئېلىش:

قايتا - قايتا تەكىتلىمەك. 三令五申

چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتمەك؛ پارە - پارە بولماق. 四分五裂

دەر ھەقىقەت؛ مۇتلەق راست. 千真万确

رەڭمۇرەڭ؛ رەڭگارەڭ؛ ئالىيېشىل. 万紫千红

4. تەكرارلىنىپ كەلگەنلىرى مەنىنى كۈچەيتىدۇ، بۇلارنى شۇنداق كۈچەيتىپ ئېلىش:

پاك - پاكىز؛ تاپتازا؛ ئۈزۈل - كېسىل. 干干净净

قۇپقۇرۇق؛ قۇرۇق؛ مەزمۇنسىز. 空空洞洞

5. "如"، "若"لار بىلەن كەلگەنلىرى ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى "- دەك" - تەك"لەرگە توغرا كېلىدۇ:

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.cc